# زاۋۇت سېخىدا، نامراتلىق بىلەن خوشلىشىش

(بېشى 1 - بەتتە)

لېكىن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ چىقىمىغا يېتەتتى. ئەمما، كوزا كۆندە سۇنماس، كۆندە سۇنار، دېگەندەك ئۈچ يىل ئىلگىرى غەيرەتنىڭ دادىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالدى. «شۇ ۋاقىتتا ھەر ئايدا 1000 يۈەندىن كۆپرەك داۋالىنىش، دورا پۇلى كەتكەچكە، كۆڭلىرىمىز بىردىنلا غۇربەتلىشىپ كەتتى» دېدى غەيرەت.

بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بىردىنلا نامرات ئائىلىلەر قاتارىغا كىرىپ قالغانلىقىدىن غەيرەت ئولتۇرالماي قالدى. «2018 - يىلى 4 - ئايدا، مەن كەنت كادىرلىرىنى ئىزدەپ، ئۇلارغا سىرتقا چىقىپ ئىشلىگۈم بارلىقىنى ئېيتتىم.» غەيرەت مۇنداق دېدى: كەنت كادىرلىرىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، مەن ناھايىتى تېزلا سىجۋاڭ ئېلېكترون پەن - تېخنىكا شىركىتىدىن خىزمەت تاپتىم.

«شىركەتكە كىرگەن تۇنجى ئايدىلا، 1800 يۈەن مائاش ئالدىم، ئەينى چاغدا قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىمنى دېمەيلا قويۇڭ» دېدى غەيرەت ئەسلەپ. ناھايىتى تېزلا، ئۇنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ۋە تىرىشىپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە، مائاشى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، بۈگۈنكى كۈندە 3000 يۈەندىن ئاشتى. ئىپادىسى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا، غەيرەت شىركەت تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىش سېخى 2 - گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

مۇقىم خىزمەتتىن غەيرەت ئۆزىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى كۆردى، بۇ يىل 2 - ئايدا، ئۇ خوتۇنىنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە زاۋۇتقا كېلىپ ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى. ھازىر ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ھەر ئايدا 5000 يۈەندىن ئارتۇق مائاش ئالىدۇ، چوڭلارنىڭ داۋالىنىش، دورا خىراجىتىدىن غەم قىلمايلا قالماستىن، ئاز - تولا ئېشىنىپ ئامانەت قويالايدىغان بولدى.

غەيرەت ئائىلىسىدىكىلەر ئەمدى موھتاجلىقتا قالمايدىغان تۇرمۇش كەچۈرۈپ خۇش بولۇۋاتقان پەيتتە، قەشقەر شەھىرىنىڭ بەشكېرەم يېزىسى بىغئېرىق كەنتىدىكى نامرات ئائالە مەربىگۈل ساتتار «خەجلەيدىغان پۇلى بار بولغان»دىن كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىغانىدى.

ئىككى يىل ئىلگىرى، «ئائىلە ئايالى»لىق سالاھىيىتى بىلەن خوشلاشقان مەربىگۈل قەشقەر ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى شىنجېن كەسىپلەر باغچىسىدىكى شىنجاڭ مېيلىئاۋ كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتىگە كىرىپ، كىيىم پىچىش ئىشچىسىغا ئايلاندى.

ئىككى يىلدا، مەربىگۈل ھەر كۈنى ئوچاق بېشىدىن كېتەلمەيدىغان، ئەزەلدىن ياسانمايدىغان، پۇل خەجلەمەكچى بولسا ئېرىدىن سورايدىغان بىر يېزا ئايالىدىن مودا ياسىنىپ يۈرىدىغان، ئىقتىسادتا مۇستەقىل بولغان كەسىپكار ئايالغا ئايلاندى، شۇنداقلا كەنتتىكى باشقا ئاياللار ھەۋەس قىلىدىغان ئوبيېكت بولۇپ قالدى. ئۇ مۇخبىرغا ئۆزىنىڭ ھەر ئايدا 2000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپالايدىغانلىقىنى، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ تېخىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك نىشان تۇرغۇزغان بولۇپ: «مەن بالامنى ياخشى ئوقۇتۇپ، كەلگۈسىدە ئالىي مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ، تېخىمۇ ياخشى خىزمەت تاپقۇزىمەن» دېدى.

مەيلى غەيرەت ياكى مەربىگۈل بولسۇن، ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئۆز ئائىلىسىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، يەنە ئەتراپىدىكى قولۇم - قوشنىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. بۈگۈنكى كۈندە، بارغانسېرى كۆپ نامرات ئائالىلەر نەزەرىنى زاۋۇت سېخى ۋە ئاقما لىنىيەلەرگە ئاغدۇرۇپ، ئەمگەكچان ئىككى قولى بىلەن ئۆزىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى ياراتماقتا.

## ■ كارخانىلارغا يۈزلىنىپ، تۈزۈم ۋە قائىدىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

كارخانا تىجارىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى پايدا ئېلىش، نامرات ئائالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش، قارىماققا بىر - بىرىگە زىت كېلىدىغان بۇ ئىككى نىشاننىڭ ئارقىسىدىكى «ئادەم»لەردىكى پەرق تۈپەيلىدىن، تەرەققىيات جەريانىدا زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ. «بىز دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ خىرىس ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سالاھىيەت ئۆزگەرتىشكە كۆنەلمەسلىكى ئېلىپ كەلگەن خىرىس بولدى» دېدى بىر كارخانىنىڭ مەسئۇلى راستچىللىق بىلەن.

«ئىلگىرى ھەر ئايدا مائاش تارقىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى كۈنىلا بەزىلەر ئىشقا كەلمەيتتى، شىركەتتىن رۇخسەتمۇ سورىمايتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پۇلىنى خەجلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە قايتىپ كېلىپ ئىشلەيتتى، بىز بۇنىڭغا ئامالسىز قالغانىدۇق.» سىجۋاڭ ئېلېكترون پەن - تېخنىكا شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش 2 - زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقى پېڭ لىخۇا مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: قائىدە ئېڭى كەمچىل ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە يۈزلەنگەندە، شىركەت تىجارەتتە قاتمۇقات بېسىمغا دۇچ كەلدى.

سىجۋاڭ ئېلېكترون پەن - تېخنىكا شىركىتى دۇچ كەلگەن مەسىلە ئايرىم مىسال ئەمەس، مېيلىئاۋ شىركىتى ئادەم كۈچى بايلىقى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باش نازارەتچىسى لياڭ شيۇخۇينىڭ قارىشىچە، ئىشچى قوبۇل قىلىش تەس ئەمەس، ئىشچىلارنى مۇقىملاشتۇرۇش تەس بولۇشىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغىنى ئەمەلىيەتتە دېھقان سالاھىيىتىنىڭ ئىشچى سالاھىيىتىگە ئۆزگىرىشى ئېلىپ كەلگەن زەربە ۋە كۆنەلمەسلىك ئىكەن.

پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش، تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقى كۈچلۈك بولماسلىق، خىزمەتتە ئالغا ئىنتىلىش روھى يېتەرلىك بولماسلىق، خىزمەتتە پىشىپ يېتىلىش دەرىجىسى يۇقىرى بولماسلىق... ئىشچى - خىزمەتچىلەردە ساقلىنىۋاتقان ھەربىر مەسىلە كارخانىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. ئەمما كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى يولغا قويغان كارخانىلار تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى تېخىمۇ مۇقىملاشتۇرۇپ، خىزمەتتە پىشىپ يېتىلىش دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

«بىز مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەرجىمانلىققا تەكلىپ قىلىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇشتىكى توسالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق ھەم تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى قەدەممۇقەدەم ئىشقا ئاشۇردۇق.» پېڭ لىخۇا مۇنداق دېدى: «مائاش تارقىتىلغاندىن كېيىن ئادەم تاپقىلى بولماسلىق» ئەھۋالىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىركەت دۆلەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن بايرام - دەم ئېلىش كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇن مائاش تارقىتىشنى، مائاش تارقاتقاندىن كېيىن يىغىن ئېچىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى بايرام - دەم ئېلىش كۈنىدە بازار ئايلىنىپ نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشقا، دەم ئېلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ داۋاملىق ئىشلەشكە يېتەكلەشنى سىناق قىلدى. «بۇ ئۇسۇل يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سەۋەبسىز ئىشقا كەلمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى».

باغچە رايونىدىكى كونا كارخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، 2015 - يىلىلا كەسىپلەر باغچىسىغا ماكانلاشقان مېيلىئاۋ شىركىتى ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، شۇ جايدىكى نامرات ئائالىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، ھازىر 970تىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى نامرات ئائالە. لياڭ شيۇخۇي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: شىركەت قۇرۇلغان بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئىزچىل شۇ جايدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قانداق قىلغاندا ھەقىقىي ئۆسۈپ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىنى چۆرىدەپ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدۇق.

مۇخبىرلارنىڭ ئىگىلىشىچە، مېيلىئاۋ شىركىتى ماھارەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش، مۇنەۋۋەر ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىچكىرى رايونلارغا تەكشۈرۈشكە، ئۆگىنىشكە ئەۋەتىشكە كۆرستىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىلھاملاندۇرغان، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى زور دەرىجىدە ئاشقان. لياڭ شيۇخۇي مۇنداق دېدى: «شىركەتنىڭ ئىلھاملاندۇرۇش تەدبىرى بىلەن، بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت غوللۇق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىپ، سېخنىڭ ھەرقايسى گۇرۇپپىلىرىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى».

كىشىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، ماھارەت سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمۇ ئۈزلۈكسىز قوزغىتىلدى. لياڭ شيۇخۇي مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: بۇ يىل 8 - ئايدا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزلىرى لايىھەلەپ تىككەن كىيىملەرنى ئېلىپ ئۈرۈمچىدە كىيىم - كېچەك لايىھەلەش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، بىرقەدەر ياخشى دەرىجىگە ئېرىشتى، «بۇ خىل ئۆزگىرىش ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇلار ئەمدى پاسسىپ ھالدا ئىشلىمەستىن، بەلكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا سىڭىشىپ كەتتى».

## ■ باغچە رايونىغا يۈزلىنىپ، ئۈنۈم ۋە رىقابەتكە ئەھمىيەت بېرىش

دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قەشقەر ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى باسقۇچ خاراكتېرىدە كەسىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىللە، يەنە يەرلىكنىڭ تەرەققىياتى ۋە غەربكە ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇشتەك مۇھىم ۋەزىپىنىمۇ زىممىسىگە ئالدى. ھالبۇكى بۇ جەرياندا، كارخانىلارنىڭ ياخشى سۈپەتلىك باشقۇرۇلۇشى ۋە ئىلمىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم ۋە زور ئىدى.

«ياخشى كارخانىلارنى نۇقتىلىق يۆلەش، ئوتتۇراھال كارخانىلارنى ياردەم بېرىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇردا كارخانىلارنى ۋاقتىدا تازىلاش؛ مەقسەتلىك، قاراتمىلىق ھالدا خېرىدار چاقىرىپ، كەسىپ زەنجىرىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، ئادەم ئىشلىتىشتىكى ئوخشاش تۈردىكىلەر رىقابىتىنى ئازايتىش؛ بازار مېخانىزمىغا كىرىشكە تەدرىجىي يېتەكلەپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كارخانىلارنى ئۆز ئالدىغا تاللاتقۇزۇپ، كارخانىلارغا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۆز ئالدىغا تاللاتقۇزۇپ، ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەش تۈزۈمىنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك...»

قەشقەر ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ تيەنيۇنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىدا، كارخانىلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسلىق نىشانى قىلىنغان بولۇپ، «مۇقىملاشتۇرۇش» «خاتىرجەم قىلىش» «بېيىتىش»نى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلغان تەھلىل پۈتۈن دوكلاتقا سىڭدۈرۈلگەنىدى.

«تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا 38 ئىشچى - خىزمەتچىنى ئىختىيارىي تاللىدۇق، كۆندىلىك ئوتتۇرىچە مائاشى 90 يۈەندىن ئاشىدىغان كىشىدىن ئۈچى بار ئىكەن. بۇ بىر تەرەپتىن، بىزنىڭ ئىشچىلىرىمىزنىڭ كىرىم سەۋىيەسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلىكىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، پائال، تەشەببۇسكار بولسىلا ئىشچىلارنىڭ بىر ئايدا 2000 يۈەن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى مائاش ئېلىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» دېدى ۋاڭ تيەنيۇ.

ئىشچىلار كىرىمىنىڭ تۆۋەنرەك بولۇشى، يۈزەكى جەھەتتىن قارىغاندا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا يەنە كارخانىلارنىڭ تىجارىتىدىكى قىيىنچىلىق ۋە تەرەققىياتىدىكى خەۋپ - خەتەر يوشۇرۇنغان. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا ئىشچىلارنىڭ ئۇرچۇقسىمان ھەتتا تەتۈر پىرامىداسىمان كىرىم قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا كارخانىلارنى تېخىمۇ رىقابەت كۈچى بار قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا كەسىپلەر باغچە رايونىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە ئەمەلىي كۈچىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ بارلىق سوئاللارنىڭ جاۋابى ئەڭ ئاخىرىدا ئۈنۈم دېگەن سۆزگە مەركەزلەشتى.

يېقىندا، بىر قېتىملىق ماھارەت مۇسابىقىسى كەسىپلەر باغچە رايونىدا باشلاندى، ئۈچ كارخانىدىن كەلگەن 2000دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى يەڭنى تۈرۈپ تەق بولۇپ، بىر مەيدان ئۈنۈم جەھەتتىكى كۈچ سىنىشىشنى باشلىدى. ئۇدا بەش ھەپتە مۇسابىقىلەشكەندىن كېيىن، 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەر قىممىتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك، ئەمەلىي ئىشلىتىلىشچانلىقى يۇقىرى مۇكاپات بۇيۇملىرىغا ئېرىشتى، كارخانا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى، تېخىمۇ مۇھىمى بىر خىل «ئۆگىنىشتە بەسلىشىش، يېتىشىۋېلىش، ئېشىپ كېتىش» كەيپىياتى ئاستا - ئاستا پۈتۈن سېختا تارالدى.

«شىركىتىمىزدىكى ئۈچ ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ماھارەت مۇسابىقىسىدىكى ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، شېنجېنغا بېرىپ ئۆگىنىشكە تاللاپ ئەۋەتتۇق. تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپالايدىغان بولۇش، يەنە سىرتلارغا چىقىپ دۇنيانى كۆرۈپ كېلىش، بۇ نۇرغۇن كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە» دېدى قەشقەر ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى شېنجېن كەسىپلەر باغچىسى شىنجاڭ چياۋدىمىڭ كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جوۋ خۇا.

شەخستىن كارخانىغىچە، كارخانىدىن باغچە رايونىغىچە، باغچە رايونىدىن پۈتكۈل تەرەققىيات رايونىغىچە ئۈنۈمنىڭ ئالدىن يېتەكلىشىدە، ھەربىر ئادەم تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن تېخىمۇ كۈچلۈك بازار رىقابىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشماقتا.

## ■ كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، ئىختىساسلىقلار ۋە تۈزۈمنى ئېلىپ قېلىش

ئەمگەك كۈچجۇملەشكەن 36 كارخانا ئورۇنلاشتى؛ 12 مىڭ 500 كىشى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە نامرات ئائالىدىن 4398 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتى... ئەگەر رەقەم ئارقىلىق شېنجېن كەسىپلەر باغچىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ئۆلچىگەندە، بۇ بىر مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدىغان نەتىجە بولىدۇ. ئەگەر نەزەرىمىزنى يەنىمۇ مەركەزلەشتۈرسەك، قەشقەر ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى شېنجېن كەسىپلەر باغچىسىنىڭ كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى يەنە كەلگۈسىگە تەرەققىيات ئۇرۇقىنى كۆمۈپ قويىدى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، مېيلىئاۋ شىركىتىنىڭ 4 - سېخىدا 27 ياشلىق نامرات ئائالە ئەكبەرجان ئەنۋەر باش چوكۇرۇپ ئىشلەۋاتاتتى. سېخ مۇدىرى دۇ لېيۋېڭنىڭ نەزەرىدە، بۇ سەل تارتىنچاق كۆلىدىغان يىگىت پۈتكۈل سېختىكى تېخنىكا ئۆگىنىشتە ئەڭ ئاكتىپ ئىشچى - خىزمەتچى ئىدى.

«ئۇ دەسلەپ كەلگەن چاغدا ھېچنېمە بىلمەيتتى، لېكىن ناھايىتى ئەستايىدىل، ئىشچان بولغاچقا، دائىم تاماق ۋاقتىدا كېلىپ مەندىن ئۇنى - بۇنى سورايتتى.» دۇ لېيۋېڭ مۇنداق دېدى: بىلمىسە سوراش، ئۇقمىسا مەشىق قىلىش كېرەك، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك زاۋۇتىدىكى ئاز ساندىكى ئەر ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بىرى بولغان ئەكبەرجان 2017 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقاندىن باشلاپ تېز ئىلگىرىلەپ، يىپ تارتىش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە شېنجېن كەسىپلەر باغچە رايونىدىكى رىتىمى جىددىي ئاقما لىنىيەلەر تۈركۈم - تۈركۈم پىشىپ يېتىلگەن كەسىپ ئىشچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، كۆپلىگەن ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن ئۈمىد ئۇرۇقلىرىنى چاچتى. سانسىزلىغان ئەكبەرجانلار بۇ يەردە ئۆستەڭدىكى توپا - چاڭلارنى قېقىۋېتىپ، ئادەتتىكى ئىشچىدىن تېخنىكا تايانچى، گۇرۇپپا باشلىقى، ھەتتا سېخ مۇدىرى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى. 2016 - يىلدىن بۇيان، 30 مىڭغا يېقىن كىشى بۇ يەردە تەربىيەلىنىشكە قاتناشتى ياكى ئىشقا ئورۇنلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسمى بۇ يەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يەنىلا ئۆز ئىش ئورۇنلىرىدا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

ئەلۋەتتە، مىكرو جەھەتتىكى ئادەملىك ئۆزگىرىشكە ئوخشاشلا مۇھىم بولغىنى، يەنە ماكرو قاتلامدىكى تۈزۈم سىستېمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىمۇ بار.

ئۇزاق مۇددەت كادىر ئەۋەتىپ، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ، قاتناش قاتارلىق تۈرلۈك كاپالەت خىزمەتلىرىگە ھەر تەرەپلىمە، ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىپ، كارخانىلارنىڭ كۈندىلىك باشقۇرۇشنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەملەشتى؛ تارماق رايون مەسئۇللىرى، زاۋۇتتا تۇرۇشلۇق كادىرلار ھەر كۈنى ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ساقلانغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى نەق مەيداندا ھەل قىلدى؛ كارخانا، ئىشچىلارنى مۇقىملاشتۇرۇش مەخسۇس گۇرۇپپىسى، يېزا - بازار يېتەكلەش ئەترىتىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ماسلىشىش مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، خىزمەتنىڭ تەرتىپلىك جېپسىلىشىشىغا، ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى... شېنجېن كەسىپلەر باغچىسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشچىلارنى مۇقىملاشتۇرۇش مەخسۇس گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى جاۋ مىڭشەن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئۆتكەن ئىككى يىلدا، باغچە رايونى بىر يۈرۈش مۇكەممەل بولغان باشقۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە مۇلازىمەت كاپالىتى بىلەن تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باغچە رايونىدىكى كارخانىلارنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ھازىر بار بولغان تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشتىن سىرت، ماس تەرەققىي قىلىدىغان، ئەلالىرىنى تاللاپ ناچارلىرىنى شاللايدىغان بىر خىل تەقسىمات ئۇسۇلىمۇ شەكىللەندۈرۈلۈۋاتىدۇ.

مەسىلەن، سانىنى ھېسابلاپ نەتىجە - ئۈنۈمنى بەلگىلەيدىغان باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ئاساسىدا، مائاشى يۇقىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە نورمىدىن ئارتۇق مۇكاپات بەردى، تەدرىجىي ئېشىش شەكلىدىكى مۇكاپاتلاش مېخانىزمى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەتتىكى ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتتى. يەنە مەسىلەن، كىيىم - كېچەك، توقۇمىچىلىق، ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردە يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىندىكى يانداش كەسىپلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، ھالقىمۇ ھالقا زىچ جىپسىلاشقان قىممەت ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. «بىز تىرىشچان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە كارخانىلارنى تېخىمۇ ياخشى بولغان تەرەققىيات پايدىسىدىن بەھرىلەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالىمىز» دېدى ۋاڭ تيەنيۇ.

ئادەمنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەشتىن كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ماسلاشتۇرۇشقىچە، باغچە رايونىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتىن كەلگۈسى تەرەققىيات ئاساسىنى مۇستەھكەملەشكىچە، كۆلىمى بەش كۋادرات كىلومېتىرمۇ كەلمەيدىغان بۇ تۇپراقتا، بىز ھەربىر كىشىنىڭ، ھەربىر كارخانىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىلگىرىكىدەكلا كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى ۋە بەدەل تۆلەۋاتقانلىقىنى، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە قوشۇننى قەتئىي قايتۇرمايدىغانلىقىنى كۆردۇق.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

سانائەت باغچىسىغا كىرگەن ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۇنىڭ كىشىلىك ھايات يولى ئۆزگەرگەنىدى. پۇل تاپالايدىغان بولدى، ياسىنىشنى بىلدى، يەنە ئائىلىسىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي تۈۋرۈكىگە ئايلاندى. قېيىنئانىسىنىڭمۇ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغانلىقىنى تىلغا ئالغىنىدا، ئېھتىمال نۇرگۈلمۇ بىر ئائىلىنىڭ ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن.

بىر كىيىمنى ئارتۇق تىكسە، بىر پارچە كىتابنى كۆپ سېتىۋالالايدۇ؛ بىر تىلنى ئارتۇق ئۆگەنسە، دۇنيانى تونۇش ئۇسۇلىدىن بىرى كۆپىيىدۇ... نۇرگۈل ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئوخشاشلا نۇرغۇن ئائىلىلەر دېھقانلىق سالاھىيىتىنىڭ ئىشچىلىق سالاھىيىتىگە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قۇچاق ئېچىپ، دەۋرنىڭ چوڭ ئېقىمىغا سىڭىشىپ كەتتى.

ئۆزگىرىش ئەزەلدىنلا زەنجىرسىمان قۇرۇلما ئاساسىدىكى زەنجىرسىمان تەسىرنى ئاساس قىلغان بولىدۇ، نۇرگۈلنىڭ يەسلىدىكى ئوغلى ھەر قېتىم: «ئويۇنچۇقۇمنى ئاپام ماڭا ئىشلەپ تاپقان مائاشىغا ئېلىپ بەرگەن» دېگەن بۇ سۆزنى قىلغاندا، بۇ گۆدەك قەلبىگە يوشۇرۇنغان ئېسىلخارلىق تۇيغۇسىنىڭ ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كىممۇ مۆلچەرلەپ بولالىسۇن؟

---

(بېشى 2 - بەتتە)

مەسىلىنى بايقاش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك. ساياھەت ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىلمىي پىلانلاپ تەرتىپلىك ئېچىش، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش، يۇغۇرما تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىخەتەر يۈرۈشۈشكە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە ئۈلگە بولۇپ، تىرىشىپ ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزىنى يۇكسەلدۈرۈپ، تەربىيەلەشتە چوقۇم ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.